# شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى

## رولى ۋە ئالاھىدىلىكى

دولقۇن ئەيسا

شەرقىي تۈركىستان خىتاي مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ئېچىنىشلىق سىياسى تارىخى جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇستەقىللىقى، ھۆررىيىتى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. ھەرخىل تارىخىي شارائىتلاردىكى كۈرەش شەكلى، ئۇسۇلى ۋە خاراكتېرىمۇ ھەرخىل بولدى. تارىخ سەكسەنىنچى يىللارغا قەدەم قويۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈرىشىدە يېڭى بىر سىياسى بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى.

1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پارتلىغان ئوقۇغۇچى - ياشلار ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستان يېقىنقى زامان تارىخىدىكى دېموكراتىك كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇختىسىدۇر.

شۇ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئون بەش مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىش ھەرىكىتىنى پارتلاتتى. ئۈرۈمچىدە بۇ ۋاقەنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن تەڭ قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئوقۇغۇچىلار مۇتىزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرس تاشلاپ، كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا باشلىدى. خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، نەنجىڭ، چۇڭچىڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ دەرس تاشلاپ كوچىلارغا چىقىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىنالىرىنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلدى. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى نامايىش ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر ھەپتىگە قەدەر داۋام قىلدى.

« ئون ئىككىنچى دېكابىر ۋاقەسى » دەپ ئاتالغان بۇ كۈرەش « ............ جەمئىيىتى »نىڭ تەسىرى ۋە يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۈرۈمچىدىكى يەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز-ئارا ئالاقىلىشىش تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىرقانچە ئاي پۇختا تەييارلىق كۆرۈش، ئالىي مەكتەپلەردە بۇ كۈرەشنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى يارىتىش، تەشۋىقات، تەشكىلىي تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلدى.

سەكسەنىنچى يىللار كىرىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ياش شائىر، يازغۇچىلار شەرقىي تۈركىستاندا دېموكراتىك يېڭى بىر ئەدەبىي ئويغىنىش ئىنقىلابى قوزغاشنى مەخسەت قىلغان ھالدا، جەمئىيەتتە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ھەرخىل ئىلمىي مۇنازىرىلەرنى ئويۇشتۇرۇش، شېئىر دېكلاماتسىيە ئوقۇش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇپ، جەمئىيەتتە ۋە مەكتەپلەردە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. يېڭى بىر ئويغىنىش، يېڭى بىر دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلدى. بۇ مىللىي ئويغىنىش ياشلار ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغاپ، « ئون ئىككىنچى دېكابىر ھەرىكىتى »نىڭ پارتلىشىغا شەرت-شارائىت ھازىرلىدى. ئاساس ياراتتى.

بۇ كۈرەشنى پىلانلاش، تەشكىللەشكە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىلى پاكولتېتى ئوقۇغۇچىسى مىجىت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئىدى. (باشقا رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىرى يېزىلمىدى، چۈنكى ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھېلىمۇ خىتايلار تەرىپىدىن " گۇمانلىق " دەپ قارىلىپ، نازارەت قىلىنىپ كەلمەكتە). بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرىدىن مىجىت شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى، ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى.

مىجىت بۇقېتىمقى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى پىلانلاشقا، تەشكىللەشكە يېتەكچىلىك قىلدى. تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئەمما بەختكە قارشى ئون ئىككىنچى كۈنى پارتلىغان بۇ ئىنقىلاپنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. چۈنكى، مىجىت نامايىش كۈنىدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى يەنى توققۇزىنچى دېكابىر كۈنى كەچتە، ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۆيىدە تويۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. بۇرۇندىن ھېچقانداق كېسەللى بولمىغان، تېمەن، ئوت يۈرەك ياشنىڭ تەسادىپىي ئۆلۈمى بۈگۈنگە قەدەر سىر بولۇپ كەلمەكتە.

بۇقېتىمقى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بىۋاستە تەسىر قىلغان سىياسى، ئىجتىمائى سەۋەبلەر نېمىلەر ئىدى؟

خىتاي ھۆكۈمىتى 1964 -يىلدىن 1985 -يىلغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا ئوتتۇز قېتىمدىن ئارتۇق يەر ئاستى-يەر ئۈستى ئاتوم يادرو سىنىغى ئىلىپ باردى. بۇنىڭ تەسىرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى، ھاۋارايى بۇزۇلدى. تۇپراق، سۇ، ئۆسۈملۈك، مېۋىلىرى زەھەرلىنىپ، خەلق ئامالسىز زەھەرلىك ماددىلاردىن ئوزۇقلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ھەرخىل ۋابا، جىگە قاتارلىق زۇقۇملۇق كېسەللەر پەيدا بولۇپ، ئون مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولدى. بوۋاقلار ناكا، كەمتۈك تۇغۇلۇشقا باشلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارغا پەرۋا قىلماستىن 1985 -يىلى يەنە بىر قېتىم ئاتوم بومبىسى پارتلاتتى. خىتايلارنىڭ بۇخىل ئۆكتەملىكى يالغۇز شەرقىي تۈركىستان خەلقىغىلا قىلىنغان ھاقارەت بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە، دۇنيا تىنچلىقىغا قىلىنغان تەھدىت ئىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ «يېرى كەڭ، نوپۇسى ئاز» دېگەن سىياسى ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ چۆللۈك، قۇملۇق، تاغلىق رايونلار ئىكەنلىكى، ئادەم ياشاشقا بولىدىغان بوستانلىقلارنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكى بىلەن ھېساپلاشماي، خىتاينىڭ سۈپەتسىز، بىلىمسىز پۇقرالىرىنى، جىنايەتچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ يۆتكەپ چىقىپ، بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار قاتارلىق مۇسۇلمانلارغا تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، ئانىلارنى، بوۋاقلارنى ئۆلتۈرمەكتە ئىدى. يەرلىك خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرى سان چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، مىليونلىغان ياشلار ئىشسىز، ماكانسىز، ئوقۇشسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى

خىتاي ھۆكۈمىتى ساختا سايلام يۈرگۈزۈپ، دېموكراتىك سايلامنى چەكلەپ، زورلۇق بىلەن مىللىي مۇناپىقلارنى، خەلق خائىنلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ۋەكىلى، مىللىي رەھبىرى دەپ كۆتۈرۈپ چىقىپ، خەلق سۆيىدىغان رەھبەرلەرنى ھاكىمىيەتتىن بىر-بىرلەپ يىراقلاشتۇرغان ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇخىل مىللىي زوراۋانلىقى ۋە ئالدامچىلىقى خەلقنىڭ قەلبىدە غەزەپ، ئىچىنىش، ھەسرەت ۋە قىساس ئوتلىرىنى يالقۇنجاتتى. پۈتۈن جەمىيەتتە پەيدا بولغان نارازىلىق، قارشىلىقلار ۋەتەننىڭ ئوت يۈرەك ئوغلانلىرى، مىللەتنىڭ بىلىملىك زىيالىلىرى بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈرىگىدە يالقۇنلاشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەملىك دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى پارتلىدى. «ئون ئىككىنچى دېكابىر ئىنقىلاۋى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى تارىخى تەقەززالىق نوختىسىدىن، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ پەۋقۇلئاددە قېيىن شارائىتتا دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ ھەرىكەت ئۈرۈمچىنىڭ قار-شىۋىرغانلىق قىش كۈنىدە يۈز بەردى. جەڭگىۋار ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچى ياشلار قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇق، قار-شىۋىرغانلىرىغا قارىماي، ئۈرۈمچىنىڭ بارلىق كوچىلىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، ئاھالىلار رايونلىرىنى پىيادە ئايلىنىپ، ئاچلىققا، ھېرىپ چارچاشقا بەرداشلىق بېرىپ، سەھەردىن-كەچكىرگىچە نامايىش قىلدى. ئۇلار غەزەپلىك ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن: «ئاتوم يادرو سىنىغىغا قارشى تۇرىمىز»، «ساختا سايلام ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن!» دېموكراتىك

سايلام ئىلىپ بارايلى!» ، «كۆچمەن كۆچۈرۈش توختىتىلسۇن!» ، «شەرقىي تۈركىستان جازا لاگىرى ئەمەس!» ، «تۇغۇت چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن!» ، «مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرايلى!» دىگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ ، نامايىشنى بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى . پۈتۈن خەلق كوچىغا چىقىپ ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ، ئوت يۈرەك پەرزەنتلىرىنىڭ كۆرەشىنى قوللىدى . تەسىرلەنگەن خەلق كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ئوقۇغۇچى ياشلارغا نان ، سۇ تارقىتىپ بەردى . خەلق نامايىش سېپىگە قوشۇلۇش ئىستىكىنى بىلدۈردى . ئەمما ئوقۇغۇچىلار خىتايلارنىڭ خەلققە بىھۇدە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ھەمدە نامايىشنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىنى قوغداش مەخسىددە باشقىلارنىڭ قوشۇلۇشىنى توستى . ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن ھاياجانلانغان ئاۋغۇست پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ۋە ئىيول توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ نامايىش قىلىشقا تەييارلانغان بولسىمۇ ھۆكۈمەت ئالدىن سىزىپ قىلىپ ، ئىشنىڭ زورىيىپ كىتىشىدىن ئەنسىرەپ ، يىتەكچىلەردىن بىرنەچچىسىنى تۇتۇپ ، ئىشچىلارنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى .

ئوقۇغۇچى-ياشلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى ۋە كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەپ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى . ھۆكۈمەت تەرەپ دەسلەپ ھەربىر ئالىي مەكتەپتىن بىردىن ئوقۇغۇچى ۋەكىلى بولۇش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . نامايىشچى ئوقۇغۇچىلار بۇ تەلەپنى قەتئىي رەت قىلىپ ، ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتىتى ئون ۋەكىل ، قالغان يەتتە ئالىي مەكتەپتىن بەشتىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇش تەلىۋىنى قويىدى . ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار يىگىرمە ۋەكىل كىرگۈزدى . بۇ ۋەكىللەر ئوقۇغۇچى-ياشلارنىڭ ، شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالتە ماددىلىق ھەقىقانى تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلدى :

بىرىنچى ، شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) دا دىموگراتىك سايلام ئىلىپ بىرىش ، خەلق ئۆزلىرى خالىغان ، سەۋىيەلىك رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقىش .

ئىككىنچى ، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتوم يادروسىنىغى ئىلىپ بىرىشنى توختىتىش .

ئۈچىنچى ، شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن ، جىنايەتچى يۆتكەشنى توختىتىش .

تۆتىنچى ، مىللىي تىررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش .

بەشىنچى ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قويۇلغان تۇغۇت چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش .

ئالتىنچى ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش .

سۆھبەت ئىككى كۈن داۋام قىلدى . بۇ ئۇچرىشىشقا ھۆكۈمەت تەرەپتىن خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كوممۇنىستلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن ، سۇڭ خەنلياڭ (كومپارتىيەنىڭ باش سىكرىتارى) ، ھامىدىن نىياز (مۇئاۋىن سىكرىتار ، خەلق قۇرۇلتىيى مۇدىرى) ، خۇاڭ باۋجاڭ (ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) ، جانابىل (كومپارتىيە مۇئاۋىن سىكرىتارى) قاتارلىق ئون نەچچە ئەمەلدارى ، يەنە ئون نەچچە سىياسىيون-مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشتى . ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ ھەقىقانى تەلەپلەرگە ھەر قانداق ئەھۋالدا قايىل قىلارلىق جاۋاپ بىرەلمەيتتى . شۇنداق بولىشىغا قارىماي ئۆزلىرىچە بۇ تەلەپلەر ھەققىدە مۇتەخەسسىسلىرىگە ماتىرىيال تەييارلاتقۇزۇپ ، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشقان ئىدى . ئەمما ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان ، سۆھبەتلىشىۋاتقان ياشلار ئاساسسىز يالغان پاكىتلارغا ، قۇرۇق گەپكە ، ئالدامچىلىققا ئالدىنىپ قالىدىغان ، قايىل بولۇپ قالىدىغان ساددە ، بىلىمسىز دىخانلار ئەمەس ئىدى . بۇ ياشلار ۋەكىللىرى ھەر قايسى بىلىم ساھەلىرىدە ئەتراپلىق ساۋاتقا ئىگە ، ئوقىغان كەسىپ ئەھلىلىرى بولۇپ ، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ ياشلار ئالدىدا ، مۇھىمى ھەقىقەت ئالدىدا ئاجىز كەلدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىگى ، قابىلىيەتسىزلىگىنى ئاشكارىلاپ قويىدى . شۇنداق بىر ۋاقەنى مىسال قىلىش كۇپايە :

سۆھبەت ئاتوم سىنىقى ئۈستىدە بولىۋاتاتتى، ياشلار ۋەكىللىرى ئىلمى، پەننى پاكىتلار بىلەن ئاتوم يادرو سىنىقىغا قارشى ۋە ئۇنى توختىتىش ھەققىدە سۆزلەۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان جانابىل (قازاق تۈركلىرىدىن بولۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل ئەمەلدار ئىدى): «بىز ئاتوم بومبىسىنى شامال غەرپتىن شەرققە قاراپ چىققاندا ئاتىمىز، بۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ» دەپ بىلەرمەنلىك قىلىپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ بۇ مەنتىقىسىز سۆزى تۈگىمەستىنلا پۈتۈن مەيداننى مەسخىرىلىك كۈلكە قاپلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا ياشلارنىڭ بىر ۋەكىلى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ھۆرمەتلىك سېكرېتار، ئاتوم بومبىسى، سىزنىڭ قايسى تەرەپكە ھۆيتدىسىڭىز شۇ تەرەپكە ماڭىدىغان تاغدىكى قويىڭىز ئەمەس» دەپ ئەجەللىك زەربە بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى شامال يۆنۈلۈشلىرى، ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ تەسىر قىلىش دائىرىلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىغىر تەسىرى ھەققىدە ئىلمى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ رەسۋاچىلىقى تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەت جانابىلنى قاتتىق تەنقىت قىلغان ئىمىش) ھۆكۈمەت تەرەپ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك سۆھبەتتە ئاجىز، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قىلىپ ھەيۋە قىلىشقا، بېسىم ئىشلىتىشكە ئۆرۈندى. بۇ تاكتىكىسى مۇئەسسىقاتمىغاندىن كېيىن، ئىسىل يېمەكلىكلەر بىلەن تولغان زىياپەت تەييارلاپ ئالدىماقچى بولدى. ئەمما ئون مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى، ھەققانىي تەلەپلىرى يولىدا بولىۋاتقان بۇ كۆرەشلەرنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ كۆرەشلەردىكى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن بۇ ياشلار ھەرقانداق ھىلە-مىكىرلەرگە ئالدانمايتتى.

خىتاي مۇستەبىتلىرى ئوقۇغۇچى-ياشلار ھەرىكىتىنىڭ بىر ئاز پەسەيگەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپلىرىگە بېرىپ نورمال ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىكتاتورا ئىشلىتىشكە باشلىدى. ھەرقايسى ئالى مەكتەپلەردە «ئون ئىككىنچى دىكابىر ۋەقەسىنى ئىنقلاش، بىرتەرەپ قىلىش كومىتېتى» قۇردى ۋە بۇ خىزمەتكە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ، ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلغانلارنىلا ئەمەس، بەلكى قاتناشقۇچىلار، ئىشتىراك قىلغۇچىلار ھەتتا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ ئىنقلاشقا باشلىدى. بارلىق ئالى مەكتەپلەردە ئۈچ كۈن دەرس توختىتىپ، سىنىپلارغا قەدەر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ ھەر بىر ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە بولغان كۆز قارىشىنى مەجبۇرى سۆزلەتكۈزدى. قاتناشقۇچىلارغا دىكتاتورا يۈرگۈزۈپ، «تەكشۈرۈش ماتېرىيالى» يېزىشقا قىستىدى، يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنى «خاتالىغىنى ئىتىراپ قىلىش»، «تۆۋە قىلىش» قا مەجبۇرلىدى. بۇ ھەرىكەتنى "ئون ئىككىنچى دىكابىر جىدەل چىقىرىش ۋەقەسى" دەپ ئاتىدى. خاتالىقىنى تونىمىغانلارغا ۋە كۆز قارىشى ئېنىق بولمىغانلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بېرىلمەيدۇ، دەپ بەلگىلىمە ئېلان قىلدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە ئاكتىپ قاتناشچىلىرىغا "مەكتەپتە قالدۇرۇپ سىناش"، "ئارخىۋىغا گۇنا يېزىش"، "ئاگاھلاندۇرۇش" قاتارلىق جازا چارىلىرىنى ئىجرا قىلدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەڭ چەت يېزىلارغا ھايداپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ ئۆچ ئالدى. بۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمى تاكى بۈگۈنگە قەدەر "گۇمانلىق" دەپ قارىلىپ نازارەت ئاستىدا ياشىماقتا.

خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمدارلىرى شەرقىي تۈركىستان دىموگراتىك ياشلار ھەرىكىتىنى «جىدەل چىقىرىش ۋەقەسى» دەپ قارىلاپ، قاتناشقۇچىلارغا دىكتاتورا يۈرگۈزۈپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى قېتىم دىموگراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ ئالدىنى

ئالماقچى بولدى. ئەمما خىتايلارنىڭ دىكتاتورىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئويغۇنۇشنى، ياش-
لار ھەرىكىتىنى توسۇپ قالالىغىنى يوق. ئەكسىچە ياشلار ھەرىكىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ باردى.

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى قېتىم دېموگراتىك
ياشلار ھەرىكىتى پارتلىدى. ئون ئىككىنچى دېكابىر ھەرىكىتىدىن ئۈچ يىل كېيىن قوزغالغان بۇ ۋاقە
خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنى قاتتىق بىئارام قىلدى. مەن - دولقۇن ئەيسا ئون ئىككىنچى دېكابىر ھەرىكىتى-
نىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىدىن ئىدىم، ئىككىنچى قېتىملىق ياشلار ھەرىكىتىگە مەسلەكداش دوستلى-
رىم بىلەن بىرلىكتە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدىم ۋە ئۇنى پىلانلىدىم. (دوستلىرىم ھازىر شەرقىي تۈرك-
ىستاندا نازارەت ئاستىدا تۇرىۋاتقاچقا ئىسىملىرىنى ئاتىمىدىم) 1988 - يىلى 15 - ئىيۇل كۈنى
ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى - ياشلىرى ئۈرۈمچى ئۇنىۋىرسىتېتىدە مىللىي كەمسىتىش-
كە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىلىشى ۋە دەرس تاشلاپ نامايىش قىلىش ھەرىكىتى قوزغىدى. ئوقۇغۇ-
چىلار ئىككى كۈن كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدى. نامايىشقا تۆت مىڭدىن ئارتۇق ياش قاتناشتى.
بۇ قېتىمقى دېموگراتىك ئىنقىلاپ شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەۋرەنمەس
ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. مىللەتنىڭ ياشلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى. شەرقىي تۈركىستان
دېموگراتىك ئىنقىلاۋىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتەردى.

«ئون بەشىنچى ئىيون ۋاقەسى» دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەتنى ئۈرۈمچى ئۇنىۋىرسىتېتىنى مەركەز
قىلىپ، بىر قانچە ئالىي مەكتەپتە قۇرۇلغان "ئوقۇغۇچىلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى" تەشكىللىدى.
ئۇلار ئۇزۇن تەييارلىق ئارقىلىق جەمئىيەتتە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ ئىجتىمائى
شەرت - شارائىتىنى ھازىرلىدى. ئون ئىككىنچى دېكابىر ھەرىكىتىدىن كېيىن جەمئىيەتتە ۋە ئالىي مەك-
تەپلەردە ياشلارنىڭ ئىجتىمائى پائالىيەتلىرى جانلىنىشقا باشلىدى. ھەرخىل ئىلمى، ئىجتىمائى، ئام-
مىۋى تەشكىلاتلار، جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىچىدىكى پائالىيەتلىرى بىر قەدەر جان-
لىق، تەسىرى كۈچلۈك بولغىنى «ئوقۇغۇچىلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» ئىدى. بۇ ئۇيۇشمىدىكى
مەسلەكداش دوستلار، ساۋاقداشلار بىر قانچە ئاي جاپالىق تىرىشىش، پۇختا تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق
1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بەش يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنىڭ قات-
نىشىشى بىلەن ئۈرۈمچى ئۇنىۋىرسىتېتىدە «ئوقۇغۇچىلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ
چىقتۇق. مەن ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە سايلاندىم. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچى ئۇنىۋىرسىتېتىدىكى
ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ سانى مىڭ بەش يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. تەبىئىكى بۇ ئۇيۇشما سىياسى تەشكىلات
ئەمەس ئىدى. بۇ بىر ئاممىۋى، ئىجتىمائى تەشكىلات بولۇپ، مىللەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت
سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىشنى، ساۋاتسىزلىقنى يوقۇتۇشنى مەخسەت قىلاتتى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمدار-
لىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشىنى خالىمايتتى.
شۇڭلاشقا، بۇ ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىپ، تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ، چىدىمىغان ھۆكۈمەت، مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئويلاشماي روخسەت بې-
رىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى. ئۇيۇشما پائالىيەتلىرىگە قەستەن بەزى توسالغۇلارنى
پەيدا قىلىشقا تىرىشتى. ئەمما ئىمكانىيەت يار بەرگەن، قانۇن يول قويغان دائىرىلەردە، يوچۇقلاردىن
پايدىلىنىپ، ئۇيۇشما پائالىيەتلىرىنى بارغانسىرى كۈچەيتىپ باردۇق. بارا - بارا پىداگوگكا ئۇنىۋىرس-
تېتى، سانائەت ئىنستىتوتى، بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋىرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردىمۇ ئارقا - ئارقى-
دىن «پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ قېرىنداش ئۇيۇشمىلار تورىنى شەكىللەندۈردۇق.
ئاخىرىدا «ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق كومىتېتى»نى قۇرۇپ چىقتۇق. ئۇيۇشما تەتىل ۋاقىتلىرىدىن
پايدىلىنىپ، ئەزالىرىنى ۋەتىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ ساۋاتسىزلىقنى يوقۇتۇش، مەدەنى-

ـيەت كۇرسلىرىنى ئېچىش، جەمىيەت تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بولۇپمۇ سەكسەنىنچى يىللى غۇلجىغا جەمىيەت تەكشۈرۈشكە بارغان گۇرۇپپا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇلار تەتىل داۋامىدا غۇلجىدىكى ئون يەتتىدىن ئارتۇق ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خاراپلىشىۋاتقان، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئېچىنىشلىق مىللىي مائارىپىمىزنى ۋە ھەشەمەتلىك، تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاي مائارىپىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەمىلىي پاكىتلار بىلەن ئەمىلىي ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئىشلەپ، يەتمىش پارچىدىن ئارتۇق فوتوسۈرەت تارتىپ كەلدى. شۇ چاغدا غۇلجىدا، سىنىپلار ئۆرۈلۈپ كەتكەن ياكى خەتەرلىك ھالغا كېلىپ قالغان ۋە سىنىپ يېتىشمەسلىكتىن ئون مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇشسىز قالغان ئىدى. بىز ئەمىلىي پاكىتلارغا ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن خاراپلىشىۋاتقان مىللىي مائارىپ ھەققىدە بىر يازما دوكلات تەييارلىدۇق ۋە ھۆكۈمەتكە يوللاپ، مىللىي مائارىپىمىزغا دىققەت قىلىشقا، مىللىي مائارىپنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئاگاھلاندۇردۇق. سىنئالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ، فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسى ئېچىپ، جەمىيەتكە ۋە مىللەتكە مىللىي مائارىپىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش چاقىرىقىنى چىقاردۇق. ئويۇشما سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، «ئەجداتلار ئىزىدىن»، «ئۇيغۇر ئوغلى» (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى) قاتارلىق تارىخى درامىلارنى تەييارلاپ، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە جەمىيەتتە كۆرسىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ باردۇق. ياشلار ھەرىكىتى كۈچلۈك رىۋاجلىنىۋاتقان كۈنلەردە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلاردىمۇ بەزى ئەسەبىيلىشىش ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. خىتايلار تەپ-تارتماستىن ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا: «ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن!» دېگەندەك شوئارلار چاپلىنىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئەشەددىي ھەرىكەتلەر بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتىدا ئېنىق روشەن، ئەڭ كۈچلۈك ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. مەكتەپ رەھبەرلىگى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى نازارەت ۋە كونترول قىلىش مەقسىتىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقى شوئارى ئاستىدا خىتاي ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى بىر بىنادا، بىر ياتاقتا ياتقۇزۇش بەلگىلىمىسىنى چىقارغاندىن كېيىن: «چەنتۇلار بىلەن بىللە ياتمايمىز»، «قازاقلار قوي پۇرايدۇ» دېگەندەك بىزنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان سەكسەن نەچچە پارچە تەشۋىقات ۋارىقى مەكتەپ تاملىرىغا چاپلاندى. خىتايلارنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشىنى، قانۇنسىز پائالىيەتلىرىنى مەكتەپ رەھبەرلىگى سۈرۈشتە قىلىپمۇ قويمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكولتېتى بىناسىنىڭ ھاجەتخانا ئىشىكىگە خىتايلار تەرىپىدىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل قىلىپ، قىزلىرىنى جالاپ قىلىۋېتەيلى!»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى قېرى سەللىباشلار، چەنتۇلار بىلەن چوشقىلارنىڭ بىر يەرگە تاھارەت قىلىشى چەكلىنىدۇ» دېگەن ئىنتايىن رەزىل، ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل شوئار يېزىلدى. ھەر قانداق كىشىنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغان، بۇ ۋەتەننىڭ، بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىسى-خوجايىنى بولغان ئۇيغۇرلارنى ھاقارەتلەيدىغان مۇنداق ئىپلاس شوئارنىڭ ئاشكارا چاپلىنىشى ھەرگىز تاسادىپىي ۋەقە بولماستىن، بۇنىڭ ئارقىسىدا نومۇسسىز خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ۋەھشىي سىياسىي مەقسەتلىرى يوشۇرۇنغان ئىدى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار بۇ ۋەقەنى مەكتەپ رەھبەرلىگىگە، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بىر ئاي كۈتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق سۈرۈشتە قىلىش بولمىدى. بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى پارتلاش ھالىتىدە تۇرغان دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىگە ئوت تۇتاشتۇرغۇچى پىلىك رولىنى ئوينىدى.

تاقەت قىلالمىغان ئوقۇغۇچىلار، ۋەكىل كىرگۈزۈپ مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە بۇ ئەكسىيەتچى ۋەقەنى ئېنىقلاش خىزمىتى ھەققىدە بارلىق مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەكتەپ تەشكىلى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنىڭ بۇ ھەققانى تەلىۋىنى رەت قىلدى. قاتتىق غەزەپلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى يىغىن تەشكىللەش قارارىغا كەلدى. ئەتىسى-ئون بەشىنـ

-چى ئىيون كۈنى قىزىل كابىناسىنىڭ ئالدىدا «مىللى كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى» ئاچتى. بۇندىن ئون بەش كۈن ئىلگىرى "پەن-مەدەنىيەت ئويۇشمىسى" نامىدىن ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئون ئىككى كىشىلىك گۇرۇپپا ھۆكۈمەت، پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللى مەسىلىلەر، مىللى مائارىپ قاتارلىق مەسىلىلەردە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەلىپىنى ئىپادىلەپ يازما دوكلات سۇنغان ئىدى. ئون بەشىنچى كۈنى سەھەردە مەكتەپ تەشكىلى مەن بىلەن يەنە بىر ئويۇشما رەھبىرىنى ھۆكۈمەت تەرەپ سۆھبەتكە چاقىرغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز ئون ئىككى ۋەكىلىمىز تولۇق بولمىغان ئەھۋالدا ھەر قانداق سۆھبەتكە قاتناشمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، رەت قىلدۇق. مەكتەپ رەھبەرلىكى بىزگە بۇ كۈنكى سۆھبەت ئەمەس، سۆھبەتنىڭ كۈنتەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان، مەزمۇنى ھەققىدە سۆزلىشىدىغان يىغىن، دېگەندىن كېيىن بىز بېرىشقا قوشۇلدۇق. ئەمما ئۇلار بىزنى ئالدىغان ئىدى. بىز رەسمىي سۆھبەت ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگىلا كەلدۇق. پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى جانابىل، مائارىپ نازىرى جاڭ ياڭ، مالىيە نازىرى ماھمۇت، پىلان كومىتېتى مۇدىرى توختى ئىلى قاتارلىق ئەمەلدارلار سۆھبەت ھازىرلىغان ئىكەن، سۆھبەت باشلىنىپلا جىددىي مۇنازىرىلەر بولدى. بىزنىڭ تەلەپلىرىمىز ھەققانىي بولغاچقا، بىز ھامان غالىپ كەلدۇق. جانابىل ھەرخىل باھانە، سەۋەپ ۋە پاكىتلارنى كۆرسىتىپ بىزنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئاساس ۋە دەلىللىرىمىز ئالدىدا ئاجىز كەلدى. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللى مائارىپى ھەققىدىكى مۇنازىرە ناھايىتى كەسكىن بولدى. سۆھبەت بەش سائەت داۋام قىلغان بولسىمۇ ئۇلار بىزنىڭ ھەققانىي تەلەپ-سوئاللىرىمىزغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرەلمىدى. بىزنى قايىل قىلالمىدى، نەتىجىدە سۆھبەت كېيىنگە قالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتا سۆھبەتلىشىدىغان بولۇپ قايتتۇق. مەكتەپتە يىغىلىش بولۇۋاتاتتى، مەكتەپ رەھبەرلىرى مېنى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈشكە قىستىدى. مەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەممە ئەھۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. مىللى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش يىغىنى سائەت ئىككىگىچە داۋام قىلدى. ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلار شوئار تاختىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، مەكتەپتىن ئايرىلىپ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا باشلىدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىزنى قىزغىن ئالقىشلىدى. قاتتىق تەسىرلەنگەن مىللەت، ئوقۇغۇچى ياشلارغا ئېسىلىشىپ ھۆكرەپ يىغلىدى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. خەلقنىڭ بۇخىل ھاياجانلىق قوللاشلىرىدىن جاسارەتلەنگەن ياشلارنىڭ نامايىش قوشۇنى ئاچلىققا، ھېرىپ-چارچاشقا قارىماستىن شەھەرنى ئايلىنىپ: «مىللى كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرىمىز»، «ياشىسۇن ئىنسان ھوقۇقى»، «ياشىسۇن مىللى باراۋەرلىك»، «خىتايلارنىڭ قول قىلىشىغا قارشى تۇرىمىز»، «خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن»، «مىللى مائارىپىمىزنى قوغداپ قالايلى» دېگەندەك جەڭگىۋار شوئارلارنى ياڭرىتىپ، كۆرەشلىرىنى داۋام قىلدى. بۇ قېتىمقى كۆرەشنىڭ پىروگراممىسى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئىنسان ھەقلىرىمىزنى تەلەپ قىلىش.

ئىككىنچى، مىللى كەمسىتىش، مىللى باراۋەرسىزلىككە قارشى تۇرۇش.

ئۈچىنچى، خارابلىشىۋاتقان مىللى مائارىپىمىزنى قوغداپ قىلىش.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ كۆرەشلىرىدىن قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ھۆكۈمەت ئىككىنچى قېتىملىق بۇ ئوقۇغۇچىلار-ياشلار دېموكراتىك ھەركىتىنىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا «ئون بەشىنچى ئىيون جېدەل چىقىرىش ۋەقەسى» دەپ ئاتىدى ۋە مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پىرىنسىپلىرىنى، بەلگىلىمىلىرىنى ئېلان قىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھامىدىن نىياز، جانابىل، خۇاڭ باۋجاڭلارنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى ئىنقلاش، بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئالىي مەكتەپلەرگە مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ،

مەخسۇس ئىشخانا تەسىس قىلدى. ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزىدىلا تەركىبىدە قۇرالغان ساقچىلار بولغان تۆت يۈز كىشىلىك دىكتاتورا گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلىرىنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى. كېچە-كۈندۈز نازارەت قىلىشقا باشلىدى. ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش چەكلەندى. بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراش بەلگىلەندى. ئارقىسىغا پايلاقچى سېلىپ قاتتىق كۆزەتتى. ئويۇشما ھەيئەتلىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىشى، پاراڭلىشىشىمۇ چەكلەندى. تەتىل مەزگىلىدە ئۆيىمىزگە قايتىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئۆيىگە قايتقانلارنى چاقىرىپ كېلىپ سوراق قىلىشتى. بۇ خىل ئىنقىلاش خىزمىتى تۆت ئاي داۋام قىلدى. ھۆكۈمەت تەرەپ ئالدىنقى قېتىم قوللانغان تاكتىكىسىنى قايتا بىر قېتىم ئىشلەتتى. نامايىشتىن كېيىن ئۈچ كۈن دەرس توختىتىپ، سىنىپلارغا قەدەر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە، خاتالىقىنى تونۇشقا قىستىدى. لېكىن ئۇلار كۆزلىگەن مەخسىدىگە يېتەلمىدى. كۆپچىلىك ھەقىقەتتە چىڭ تۇردى. بۇ قېتىمقى كۆرەشنىڭ ھەققانىي ۋە ھەقلىق داۋا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان زىيالىلىرىنىڭ، ياشلىرىنىڭ كۆرەش قىلىش ئىگىلىكىنىڭ تېخمۇ يۇقىرى كۆتىرىلگەنلىكىنى نامايەن قىلدى. پىروفېسسورلار، ئوقۇتقۇچىلار ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئىنتايىن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مىسال ئۈچۈن مۇنداق بىر ۋاقەنى سۆزلەپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ:

ئىنقىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھامىدىن نىياز ئۇنىۋېرسىتېتىمىزگە كېلىپ پىروفېسسورلارغا يىغىن ئېچىپ، ئۇن بەشىنچى ئىيون ۋاقەسىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى سۆزلىشكە، بۇ ۋاقەنىڭ "خاتالىق" ىنى تونۇشقا قىستايدۇ. پىروفېسسورلار پىكىر قىلماستىن جىم ئولتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ قىستاۋەرگەندىن كېيىن بىر پىروفېسسور تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، جىمجىتلىقنى بۇزۇپ شۇنداق دېگەن: «خىتاي خەلق چۆچەكلىرىدە شۇنداق بىر ۋاقە بايان قىلىنىدۇ، بىر پادىشانىڭ تەختى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، پادىشا مەملىكەتتىكى ھەر تەبىقە كىشىلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەت سورايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بايلار، كەمبىغەللەر، دانىشمەنلەر بولۇپ، بىر كەمبىغەل پادىشاغا: "دەرت، پادىشاھى ئەلەم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مەن ئەرزىمنى بايان قىلاي" دەپ سۆزىنى باشلايدۇ. پادىشاھ كەچتىم، دېيىشى بىلەن ئۇ سۆزىنى باشلايدۇ... دەرت، پادىشاھى ئەلەم بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مەن سۆزلەي» دەپ ھامىدىن نىيازغا قارايدۇ. پۈتۈن مەيداننى كۈلكە قاپلاپ كېتىدۇ. ھامىدىن نىيازنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، بەكمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ پىروفېسسور تەكرار:

-دەرت، پادىشاھى ئەلەم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مەن سۆزلەي، -دېگەن. ھامىدىن نىياز:

-سۆزلەڭ، سۆزلەڭ، ھەممە ئادەمنىڭ سۆزلەش ئەركىنلىگى بار، -دەپ ئۆتكۈپ كەتكەن. پىروفېسسور:

-كەچتىم دىسىلە، تۆت بالام بار، -دەپ قاتتىق كىنايە قىلغان. ھامان ئەمەلدار كەچتىم، -دېگەن.

ئاندىن پىروفېسسور مۇنۇلارنى سۆزلىگەن:

-ھۆرمەتلىك مۇدىر، سىز خىتايلار شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) غا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنداق ئۆزگىرىش بولدى، مۇنداق تەرەققىيات بولدى، دەيسىز، توغرا، سىز بىر يەكشەنبە كۈنى بەش ياشلىق نەۋرىمىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈڭ، نېمە دېگەن چىرايلىق بىنالار، نېمە دېگەن ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلار، ئەپسۇسكى سىز شۇ بىنالارنىڭ بىرىگە كىرىپ، خالىغان بىر ئىشىكنى چېكىڭ، ئۇ ئۆيدىن كىم چىقىدۇ؟ بۇ ھەشەمەتلەرنىڭ قانچە پىرسەنتىدىن سىزنىڭ مىللىتىڭىز بەھرىمان بولىۋاتىدۇ؟ سىزنىڭ يۇرتىڭىز بۇ گۆردىن نېفىت چىقتى. سىز ئۇ يەرگە قاراپ بېقىڭ، نېمە دېگەن سۆزۈك؟ نېمە دېگەن چىرايلىق؟ ئەپسۇسكى بۇ نېفىتتىن بىر كۇرۇشكا ئېلىپ ئىشلىتەلەمسىز؟ بۇ گۆر خەلقى يۇرتداشلىرىڭىز كەمبىغەللىكتىن، بىچارىلىقتىن قۇتۇلدىمۇ؟ -پىروفېسسور شۇ سۆزلەرنى قىلىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. ھامىدىن نىياز گەپ-سۆز قىلالماستىن ئولتۇرۇپ قالغان. ئۇ پىروفېسسورلارنىڭ ئۆتكۈر كۆرەشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاماللىقتىن ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما ھۆكۈمەتكە قايتىپ بېرىپلا خىتاي ئاكىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ: «ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر ئۇچۇم قارا كۈچلەر ماڭا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى» دەپ يىغلاپ شىكايەت قىلغان. خىتايلارنىڭ بۇ سادىق غالچىلىرى مىللىي مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى، بىلىمسىزلىكىنى ھامان چاندۇرۇپ تۇراتتى.

بۇنىڭغا ئەمەلىي مىسال بولالىدىغان، جانابىلىنىڭ مۇنداق ئۈچ ئېغىز سۆزى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: بىزنى تەكشۈرۈشكە ئاتقان كوئولەرنىڭ بىرىدە، جانابىلى يىگىرمىگە يېقىن يالاقچىلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا مەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. (چىرايلىقچە ئىسمى سۆھبەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سوراق ئىدى.) ئۇ ماڭا:

— «دولقۇن، سىنىڭ يازغان، ئوينىغان دىرامىلىرىڭ خاتا، چۈنكى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر، كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس. ئۇنداق كەن دىراما ئوينىشقا بولمايدۇ.»

— «بەزى سىنىپلارغا كىرسەم ماھمۇت قەشقەرى، ئابايلارنىڭ سۆزلىرى خۇشخەت بىلەن يېزىلىپ يوغان قىلىپ ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇلارنى ئېلىۋېتىش كېرەك، چۈنكى ئاباي قونانباي بىزنىڭ شائىرىمىز ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شائىرى»

— «بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارغا سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى خىتايلارنىڭ زېمىنى، سىرتى ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىدى، تارىختا خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن قورقۇپ سەددىچىن سېپىلىنى سالدۇرغان، — دەپ دەرس سۆزلەپتۇ. بۇنداق تارىخ بىلمەيدىغان ئوقۇتقۇچىنى مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىش كېرەك. دەرس بىرىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. شىنجاڭ مىلادىدىن ئىلگىرى ئاتمىشىنچى يىللاردىلا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان. سەددىچىننىڭ سېلىنىشىدىكى سەۋەپ، سېپىلنىڭ ئىچى–سىرتىدىكى قەبىلەرنىڭ قوي، چارۋىلىرى ئارىلىشىپ كېتىپ بەزى جېدەللەر چىققان، ئارىلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سەددىچىن سېپىلى سېلىنغان.» مانا بۇ سۆزلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ "مىللىي ۋەكىلى"، "رەھبىرى" نىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەر ئىدى. خىتايلار ئەنە شۇنداق ساۋاتسىز غالچىلارنى تاللاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ "مىللىي ۋەكىلى" قىلىپ تەيىنلەپ «ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش» تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

مىللەت بۇنداق "مىللىي رەھبەر" نىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ھەققىي خىتاي غالچىسى، كىمنىڭ ئەسلىدىن خىتاي جاسۇسى، كىمنىڭ ئىككى يۈزلىمچى پۇرسەتپەرەس ۋە كىمنىڭ مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن، مىللەت تەقدىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئوڭايلا ئايرىپ ئالالايدۇ. بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇشتا، ئوقۇغۇچىلارنى جازالاشتا خوجايىنلىرىغا "ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن" مىللىي مۇناپىقلاردىن يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا مەمەتئىسمايىل (ھۆكۈمەت مۇئاۋىن باشكاتىۋى) سادىر قاسىم (مائارىپ نازارىتى مۇئاۋىنى)، نىياز (پارتكوم مەخپىيە تىلىك ساقلاش باشقارما باشلىقى)، توختى ئابدۇللا (پارتكوم تەشۋىقات بولۇم مائارىپ باشقارما باشلىقى)، ئىبراھىم خالىق (ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى)، ئابلىكىم (فىداگوكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى)، سابىقان (ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى مۇئاۋىنى) مەمتىلى دانى (خەلق قۇرۇلتىيى كاتىبات باشقارما كاتىۋى)، روزىيوپ (ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پاكولتېتى مۇدىرى)، ئابلىمىت ھېلىم (سانائەت ئىنىستىتوتى مۇئاۋىن مۇدىرى)، مەخسۇتبېك (ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا پاكولتېتى مۇئاۋىنى) قاتارلىقلارنى ئۇنتۇپ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇلار ئەمەلىي پەيتلەردە، خىزمەت مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش، خوجايىنلىرىغا ساداقەتلىكىنى ئىپادىلەش، جېددىي پۇرسەتتە تۆھپە يارىتىپ ياخشى كۆرۈنۈش مەقسەتلىرىدە خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن جانىجان مەنپەئەتلىرىنى ساتىدىغان مىللىي مۇناپىقلاردۇر. مىللەت كەلگۈسىدە چوقۇم بۇلاردىن قىساسىنى ئالماي قويمايدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ ئىسىملىرى تولۇق سەۋەپلەردىن ئېلان قىلىنمىدى. دېمەك خىتايلار يۇقىرىدىكىدەك مىللىي مۇناپىق غالچىلىرىغا تايىنىپ ياشلار ھەرىكىتىگە قاتناشقۇچىلارنى سوراق قىلدى، جازالىدى. پەقەت مىنىلا ئوتتۇز يەتتە قېتىم سوراق قىلىشتى. 1988 -يىلى 9 -ئاينىڭ 27 -كۈنى بارلىق ئالىي مەكتەپلەردە جېددىي يىغىن ئېچىپ، ئون بەشىنچى ئىيۇن ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىگە جازا چارىلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىككى ئوقۇغۇچىغا ئوقۇش تەۋەلىكىنى ئېلىپ تاشلاش جازاسى بەردى. بۇنىڭ بىرسى مەن.

باشقا ئون بىر نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا، مەكتەپتە قالدۇرۇپ سىناش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش . . . چارىلىرى بېرىلدى. فىداگوكا ئونۇنچى سىنىپتىن بىر نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن قوغلاندى. سەككىز نەپەر خىل چارىلەر كۆرۈلدى. باشقا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلىرىمۇ ئوخشاش جازالارغا ئۇچرىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر چەت يېزا-قىشلاقلارغا قوغلاندى. بەزىلىرى خىزمەتكە تەخسىم قىلىنمىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرغىچە نازارەت ئاستىدا ياشىماقتا. مەنمۇ بۇلتۇر بەشىنچى ئايدا بەزى ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىنلا خىتايلارنىڭ تەقىبىدىن قۇتۇلۇپ، سىياسى ئەركىنلىكىمگە ئېرىشتىم.

ئارقا-ئارقىدىن پارتلىغان ئىككى قېتىملىق دېموگراتىك ياشلار ھەرىكىتى شەرقى تۈركىستان دېموگراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇ ۋەتەنىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دېموگراتىك ئىنقىلاپ بولدى. بۇ ئىنقىلاپ ئەڭ كۈچلۈك ئويغۇتۇش رولىنى ئوينىدى. شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئىنسانى ھوقۇقى، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشلىرىنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقى ۋە داۋام قىلىدىغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىدى. خەلق ھەممە مىللەتنىڭ زىيالىلارغا، ياشلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى، ئۈمىدىنى كۈچەيتتى. خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ئالدامچىلىقىنى، ئەپتى-بەشىرىسىنى ۋەتەن خەلقىگە ۋە دۇنياغا ئاشكارىلىدى. خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بەردى. ياشلار ھەرىكىتىدىن چۆچىگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بەزى سىياسەتلىرىنى، قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچى-ياشلارنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش، ئۇلارنى ساقچى-دىكتاتورا ئارقىلىق باشقۇرۇش مەخسىدىدە، ھەر قايسى ئالى مەكتەپلەردە ناھىيە دەرىجىلىك ساقچى ئىدارىلىرى قۇرۇپ چىقتى. نامايىش قىلىش، سۆز-مەتبۇئات، ئويۇشۇش ئەركىنلىكلىرى بىكار قىلىنىدى. بۇ ھەقتە مەخسۇس قانۇن تۈزۈم، بەلگىلىمىلەر ئېلان قىلىنىدى. ئەمما بۇ فاشىستىك دىكتاتورلار ئۇلغىيىۋاتقان ياشلار ھەرىكىتى ۋە دېموگراتىك ئېقىمنى توسۇپ قالالمىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق دېموگراتىك ياشلار ھەرىكىتى باشقا كۆرەشلەردىن تۆۋەندىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ:

بىرىنچى، بۇ كۆرەش شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆرلىككە ۋە دېموگراتىيىگە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن بەلكى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ، دۇنيا خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ ئاتوم-يادرو سىنىقىغا قارشى تەلەپلەر دۇنيا تارىخىدا ئوقۇغۇچى-ياشلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئاتوم سىنىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشىدۇر. بۇ كۆرەش دۇنيا ياشلىرىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا قوشقان تۆھپىسى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۆرىشىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

ئىككىنچى، بۇ ساپ زىيالىلار ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ كۆرەشنى زىيالىلار قوشۇنى ئېلىپ باردى. بۇ كۆرەشكە ياش زىيالىلار يېتەكچىلىك قىلدى. كۆرەش تەشكىللىك، پىلانلىق، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلدى. شۇڭا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ ئىستەكلىرىنى، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئەترافلىق، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئادىللىق بىلەن قەتئى ئوتتۇرىغا قويالىدى.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ياشلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، زىيالىلار قوشۇنىنىڭ ۋەتەن داۋاسى كۆرىشىدىكى ئاۋانگارتلىق، يېتەكچىلىك رولىنى ئىپادىلىدى.

تۆتىنچى، بۇ كۆرەش ھېچ قان تۆكمەستىن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاپ بولدى. خىتاي قىساسچىلىرىنىڭ بىگۇناھ قان تۆكۈشى، ئادەم ئۆلتۈرۈشىدىن ساقلىنىلدى. قانۇنى بوشلۇقتىن پايدىلىنىلدى.

بەشىنچى، شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق كۆرىشىنىڭ دۈشمەن پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئەھۋالدىكى دېموگراتىك كۆرىشىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى، شەكلىنى، يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.